# 10513 - ئۆزىمىزنى جىننىڭ ئەزىيەتلىرىدىن قانداق مۇھاپىزەت قىلىمىز؟

## سوئال

جىن بىلەن قىيىنچىلىقتا دۇچ كېلىۋاتىمەن، جىننى مۇلاھىزە قىلىپ باقسام، ھاياتىمنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرىدە ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا نامايەندە بولىدۇ، ئاخىرقى ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇلاردىن ھېچ قانداق قىيىنچىلىق، سىقىلىش يۈز بەرمىدى، يېڭى ئۆيىمىزگە يۆتكەلگەن ئەۋۋەلقى كۈنلەردە جىننى كۆردۈم، جىننىڭ ئىشلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى، مەن جىننىڭ ياكى جىنلارنىڭ ئىشلىرىغا بەك دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، ئېشىكلەر ئۆزلىكىدىن ئېچىلىپ كېتىدۇ، مەن ئۇلارنى كۆرىمەن ۋە ئاۋازىنى ئاڭلايمەن، لېكىن ئىشلار زور دەرىجىدە ئۆزگىرىشكە باشلىدى، چۈنكى بەزى ئىشلار كۈن بويى تەكرار كۆرۈلۈشكە باشلىدى، بۇ ئىشلار مېنى ئۆز ئۆيۈمدە راھەتسىز قىلدى، ھەتتا مەن ھازىردىن باشلاپ بۇ ئۆيدە ياشاشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدىم، جىن ئېشىكنى ئاچىدۇ، مېنىڭ ئىسمىمنى توۋلايدۇ، مەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن، بەزى نەرسىلىرىمگە تېگىدۇ، مۈشۈكنىڭ شەكلىدە كۆرۈلىدۇ، مېنىڭ كومپيۇتۇرۇم ۋە تېلىپۇنلىرىمنى ئوينايدۇ، مەن ئۇنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ تۇرىمەن، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن غەلىتە ئىشلار بار، مەن بۇ قىيىنچىلىقلارغا قارشى قانداق تەدبىر قىلىشتا ئامالسىز قالدىم. مەن مۇشۇ ئۆيدىن يۆتكىلىپ كەتسەم قىيىنچىلىق ئاخىرلىشىدۇ دەپ ئويلايمەن، لېكىن بۇ قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا مەن بەقەرە سۈرىسى، ئىخلاس سۈرىسى، پەلەق، ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇشقا ئۆرۈندۇم، يەنە ئۆيۈمدە ئۇن ئالغۇدىن قۇرئان تىلاۋىتى قويۇپ قويدۇم، مەن ھازىر زىكىر قىلغان بۇ ئىشلار بىلەن جىن ۋاقىتلىق توختايدۇ، لىنتا تىلاۋەتتىن توختىسا جىن يەنە يېڭىدىن نامايەندە بولىدۇ، كۆپ ۋاقىتلاردا مەلۇم يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا، لىنتىنى قويىدىغان جىھاز توختاپ قالىدۇ، تىلاۋەت جەريانىدا كومپيۇتۇر قايتىدىن ئېچىلىدۇ، بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم يۈز بەردى، جىن كۆپ ۋاقىتلاردا مېنىڭ چۈشۈمدە كۆرۈلىدۇ، مەن بۇ ئەھۋالدىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلمەيۋاتىمەن، لېكىن مەن سىلەرنىڭ مۇشۇ خۇسۇستا قىلغان نەسىھەت ياكى جاۋابىڭلارنى قەدىرلەيمەن، بۇنىڭغا تېزدىن جاۋاپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن؟.

قىسقىچە جاۋاپ: جىننىڭ ئەزىيەتلىرىدىن ساقلىنىش يوللىرىدىن: ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ جىننىڭ ئەزىيەتلىرىدىن پاناھلىق تىلەش، پەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى كۆپ ئوقۇش، ئايەتەلكۇرسى، بەقەرە سۈرىسى بولۇپمۇ بەقەرە سۈرىسىنىڭ تۈگەنچىسىنى كۆپ ئوقۇش، تەۋھىد كەلىمىسىنى يەنى: "ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، بارلىق مۈلكىيەت ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر"، دېگەن بۇ كەلىمىنى ۋە ئاللاھنىڭ زىكرىنى كۆپ ئېيتىش كېرەك، ئومۇمى جەھەتتىن ئەزان ۋە قۇرئان تىلاۋىتى جىن-شەيتانلارنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن ساقلايدۇ.

## تەپسىلى جاۋاپ

مۇندەرىجە

- ئىنسان جىننى كۆرەلەمدۇ؟.
- جىن ئىنسانغا ئەزىيەت يەتكۈزەلەمدۇ؟.
- جىندىن ئۆزىنى قوغداش.

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى:

## ئىنسان جىننى كۆرەلەمدۇ؟.

سوئال سورىغۇچىنىڭ مەن جىننى كۆردۈم دېگەن سۆزى توغرا ئەمەس، چۈنكى جىن دېگەن ئىنساننى كۆرىدۇ لېكىن ئىنسانلار جىننى كۆرەلمەيدۇ.

ئىمام شاپىئى مۇنداق دەيدۇ: "ئادىل كىشىلەردىن بىرى مەن جىننى كۆردۈم دەيدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى بىكار قىلىنىدۇ چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لَا تَرَوْنَهُمْ﴾ تەرجىمىسى: «شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر» [سۈرە ئەئراپ 27-ئايەت].

لېكىن پەيغەمبەرلەر جىنلارنى كۆرىدۇ. ["ئەھكامۇل قۇرئان" 2-توم 195-196-بەتلەر].

ئىبنى ھەزمى مۇنداق دەيدۇ: "جىن ھەقىقەتەن ھەق، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بولغان بىر مەخلۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كاپىرلىرى ۋە مۆمىنلىرى بار، ئۇلار بىزنى كۆرىدۇ، بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز، ئۇلار يەيدۇ، ئىچىدۇ، نەسىل قالدۇرىدۇ ۋە ئۆلىدۇ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا مَعْشَرَ الْجِنِّ وَالْإِنسِ﴾ تەرجىمىسى: «ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائىتى». [سۈرە رەھمان 33-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْجَانَّ خَلَقْنَاهُ مِن قَبْلُ مِن نَّارِ السَّمُومِ﴾ تەرجىمىسى: «جىنلار (يەنى شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىبلىس) نى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق» [سۈرە ھىجر 27-ئايەت].

ئاللاھ تائالا جىنلارنىڭ ئەھۋالىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَنَّا مِنَّا الْمُسْلِمُونَ وَمِنَّا الْقَاسِطُونَ ۖ فَمَنْ أَسْلَمَ فَأُولَٰئِكَ تَحَرَّوْا رَشَدًا، وَأَمَّا الْقَاسِطُونَ فَكَانُوا لِجَهَنَّمَ حَطَبًا﴾ تەرجىمىسى: «بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار، مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ، توغرا يولدىن چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ» [سۈرە جىن 14-15-ئايەتلەر].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لَا تَرَوْنَهُمْ﴾ تەرجىمىسى: «شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر» [سۈرە ئەئراپ 27-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَتَتَّخِذُونَهُ وَذُرِّيَّتَهُ أَوْلِيَاءَ مِن دُونِي وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّ ۚ بِئْسَ لِلظَّالِمِينَ بَدَلًا﴾ تەرجىمىسى: «مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان بەدەل! (يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمىدېگەن يامان!)» [سۈرە كەھف 50-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلُّ مَنْ عَلَيْهَا فَانٍ﴾ تەرجىمىسى: «زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ» [سۈرە رەھمان 26-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ﴾ تەرجىمىسى: «ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر» [سۈرە ئال ئىمران سۈرىسى 185-ئايەت. ["ئەلمۇھەللا" 1-توم 34-35-بەتلەر].

شۇنىڭ ئۈچۈن سوئال سورىغۇچى ھەمشىرىمىزنىڭ كۆرگىنى خىيال ۋە تەپەككۇردۇر ياكى جىن ئاللاھ تائالا ياراتقان ھەيئەتتىن باشقا بىر شەكىلگە كىرىۋالغان بولىشى مۇمكىن.

## جىن ئىنسانغا ئەزىيەت يەتكۈزەلەمدۇ؟

جىننىڭ ئىنسانغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش مەسىلىسى بولسا بۇ ئەمەلى بېكىتىلگەن ۋەقە، قۇرئان تىلاۋىتى ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ھەقىقەتەن جىن ئىنساننى ئۆلتۈرۈشكە ئىلىپ بارغىدەك دەرىجىدە ئەزىيەت يەتكۈزۈش تەسىرىگە ئىگە، بەزى ۋاقىتتا تاش ئېتىش بىلەن ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئىنساننى قورقىتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ۋە ھەدىستە بايان قىلىنغان نۇرغۇن ئىشلار بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: بىر ساھابە خەندەك ئۇرۇشىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ ئۆيىگە كەلگەندە، بۇ يېڭىدىن توي قىلغان ياش بالا ئىدى، ئۇ يىگىت ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قارىسا ئايالى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ، يىگىتنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن ئىدى، ئايالى: ئۆيگە كىرىپ بېقىڭ دېدى، يىگىت ئۆيگە كىرسە بىر يىلان يۆگۈشۈپ كۆرپىنىڭ ئۈستىدە يېتىۋاپتۇ، ئۇ يىگىتنىڭ قولىدا نەيزە بولۇپ، نەيزىنى يىلانغا سانجىدى، يىلان ئۆلدى، شۇ ۋاقىتتا يىگىتمۇ ئۆلدى، يىگىت بۇرۇن ئۆلدىمۇ ياكى يىلان بۇرۇن ئۆلدىمۇ بۇنى بىلگىلى بولمىدى، بۇ خەۋەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدە بولغان يىلاننى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلىدى لىكىن قۇيرىقى كېسىك ۋە ئىككى نەشتىرى بار يىلاننى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى».

بۇ جىننىڭ بەزى ۋاقىتتا ئىنسانغا دۈشمەنلىك قىلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر، ئۇلار ئىنسانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولغان، بۇ توغرىدا كەلگەن خەۋەرلەر مەشھۇر ۋە بەك كۆپ، ئىنسان خارابىلىققا كەلگەندە بۇ يەردە ھېچ كىشنى كۆرمىسىمۇ ئۇنىڭغا تاش ئېتىلغان، بەزى ۋاقىتتا ئاۋازلارنى ئاڭلىغان، بەزى ۋاقىتتا دەرەخ غازىڭى شىلدىرلىغاندەك تېۋىشلەرنى ئاڭلىغان، شۇنىڭغا ئوخشاش قورقىدىغان ئازار بولىدىغان كۆپ ئىشلار بولغان، شۇنىڭدەك، جىن بەزى ۋاقىتتا ئىنساننىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ، ياكى ئاشىق بولۇپ كىرىۋالىدۇ، ياكى ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن كىرىۋالىدۇ ياكى باشقا بىر سەۋەپلەردىن كىرىۋالىدۇ، بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتى ئىشارەت قىلىدۇ: ﴿الَّذِينَ يَأْكُلُونَ الرِّبَا لَا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ الَّذِي يَتَخَبَّطُهُ الشَّيْطَانُ مِنَ الْمَسِّ﴾ تەرجىمىسى: «جازانە،

ئۆسۈم يەيدىغان ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ» [سۈرە بەقەرە 275-ئايەت].

مۇشۇ تۈردە، ئىنساننىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان جىن شۇ ئىنساننىڭ ئىغىزىدىن سۆزلەيدۇ، ئۆزىگە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئوقۇغان كىشىگە سۆز قىلىدۇ. بەزى ۋاقىتتا قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى، بۇ كىشىگە قايتىدىن كەلمەسلىك توغرىسىدا جىندىن ۋەدە ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ، بۇ توغرىدىكى خەۋەرلەر كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن.

## -جىندىن ئۆزىنى قوغداش.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن: جىننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىنسان بۇ توغرىدا ھەدىستە بايان قىلىنغان ئايەتەلكۇرسى قاتارلىق ئايەت، دۇئالارنى كۆپ قىلىش كېرەك، چۈنكى ئىنسان ئايەتەلكۇرسىنى كېچىدە تاڭ يورىغۇچە ئاللاھ تەرىپىدىن بىر ساقلىغۇچى بىلەن بولىدۇ، ئۇنىڭغا شەيتان يېقىنلىشالمايدۇ، ئاللاھ ئەڭ ياخشى مۇھاپىزەت قىلغۇچىدۇر". ["شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 1-توم 287-288-بەتلەر].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ئىنسان شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىنىدىغان دۇئا-زىكىرلەر بايان قىلىندى، ئۇ زىكىر-دۇئالاردىن:

-ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ جىنلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلەش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ ۖ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ تەرجىمىسى: «ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يۇقىرىقى خىسلەتنى ئۆزلەشتۇرمەسلىككە كۈشكۈرتسە) ئاللاھقا سىغىنىپ (شەيتاننىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» [سۈرە پۇسسىلەت 36-ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ ۚ إِنَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ تەرجىمىسى: «ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر». [سۈرە ئەئراپ 200-ئايەت].

سۇلايمان ئىبنى سەرد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تىللىشىپ كەتتى ھەتتا ئىككىسىدىن بىرىنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى، بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىدى: «مەن ئەلۋەتتە بىر سۆزنى بىلىمەن، ئەگەر ئۇ سۆزنى دېسە ئۇ كىشىدىن ئاچچىقى تاراپ كېتەتتى: ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ ئۇنىڭ رەھمىتىدىن قوغلاندى بولغان شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» [بۇخارى رىۋايىتى3108-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2610- ھەدىس].

پەلەق ۋە ناس سۈرىسىنى ئوقۇش.

ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنلاردىن ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆز تېگىشىدىن ساقلىنىش دۇئاسىنى ئوقۇيتتى، ھەتتا پەلەق، ناس سۈرىسى نازىل بولغاندا، بۇ ئىككى سۈرى بىلەن پاناھ تىلەش دۇئاسى ئوقۇدى ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنى تەرك قىلدى» [تىرمىزى رىۋايىتى2058-ھەدىس. ھەسەن غەرىب دېگەن. نەسائى 5494-ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى3511-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ، "سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمدا"4902-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئايەتەلكۇرسىنى ئوقۇش.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى رامىزاندا توپلانغان زاكات ماللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ۋەكىل قىلدى، كېچىدە بىرسى كېلىپ يېمەكلىكتىن ئوۋۇشلاپ ئالغىلى تۇردى، مەن ئۇنى تۇتىۋېلىپ سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن دېدىم، ئۇ: مېنى ئاپارمىغىن، مەن ساڭا پايدىسى بولىدىغان بىر قانچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قوياي دېدى، مەن: ئۇ قايسى؟ دېسەم، ئۇ: سەن ئۇخلايدىغان ئورنۇڭغا كەلگەندە: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، ئاللاھ دائىم ھاياتتۇر، بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر...(ئايەتەلكۇرسى) دېگەن ئايەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇدى ۋە ئەگەر سەن بۇ ئايەتنى ئوقۇپ ياتساڭ ساڭا ئاللاھ تەرەپتىن بىر مۇھاپىزەت قىلغۇچى بولىدۇ، تاڭ يورىغۇچە شەيتان ساڭا يېقىنلىشالمايدۇ دېدى، ئەتتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەبۇ ھۈرەيرە! كېچىدىن ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟دېدى»، مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ماڭا بىر نەرسە ئۆگىتىپ قويىدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەت بېرىدۇ دەيدۇ دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نېمە ئۆگىتىپ قويىدى؟» دېدى، مەن: مېنى ئۇخلايدىغان ئورنۇمغا كەلگەندە ئايەتەل كۇرسىنى ئوقۇشقا بۇيرىدى ۋە بۇنى ئوقۇسام تاڭ يورىغۇچە ماڭا شەيتاننىڭ يېقىن كەلمەيدىغانلىقىنى، ئاللاھ تەرەپتىن مېنى بىر ساقلىغۇچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمما ئۇ راست سۆزلەپتۇ، لېكىن ئۇ يالغانچى ئېدى، ئۇ شەيتان»دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى3101-ھەدىس].

بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇش.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىققا ئوخشاش قىلىۋالماڭلار، شەيتان بەقەرە سۈرىسى تىلاۋەت قىلىنغان ئۆيدىن قاچىدۇ» [مۇسلىم رىۋايىتى 780-ھەدىس].

بەقەرە سۈرىسىنىڭ تۈگەنچىسىنى ئوقۇش.

ئەبى مەسئۇدىل ئەنسارىدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كېچىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇسا، بۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىگە كۇپايە قىلىدۇ» [بۇخارى رىۋايىتى4723-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى807-ھەدىس].

نۇمان ئىبنى بەشىردىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئاسمانلار ۋە زېمىننى يارىتىشتىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى بىر كىتاپنى يازدى، ئۇنىڭدىكى ئىككى ئايەت بىلەن بەقەرە سۈرىسىنى تاماملىدى، ھەرقانداق بىر ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە بەقەرە سۈرىسى ئوقۇلمايدىكەن، شەيتان ئۇ ئۆيگە ئورۇنلىشىدۇ» [تىرمىزى رىۋايىتى 2882-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا"1799-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

تەۋھىد كەلىمىسىنى يۈز قېتىم ئوقۇش: يەنە «لا إله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد، وهو على كل شيء قدير» تەرجىمىسى: «ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، بارلىق مۈلكىيەت ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەتتىگەندە يۈز قېتىم **«لا إله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد، وهو على كل شيء قدير»** تەرجىمىسى: «ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، بارلىق مۈلكىيەت ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر دېسە، ئۇ كىشىگە ئون قۇل ئازاد قىلغان ئەجىر-ساۋابى بېرىلىدۇ، يۈز ياخشىلىق يېزىلىدۇ، يۈز خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ، شۇ كۈنى كەچ بولغىچە ئۇ كىشىگە شەيتاندىن ساقلىنىدىغان بىر ساقلىغۇچى بولىدۇ، ئۇ كىشىدىنمۇ ئەۋزەل ئەمەل قىلغان بىرسى بولمايدۇ لېكىن ئۇ كىشىگە ئوخشاش تەۋھىد كەلىمىسىنى كۆپ دېگەن كىشى بولسا بۇ ئەجىر-ساۋاپلارغا ئېرىشىدۇ». [بۇخارى رىۋايىتى3119-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2691-ھەدىس].

ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش.

ھارىسىل ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھەققەتەن يەھيا ئىبنى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنى بەش تۈرلۈك ئىشقا بۇيرۇپ ئۇنى ئۆزى قىلىشقا ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىمۇ ئۇ بەش تۈرلۈك ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇشقا بۇيرىدى.... مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالانى كۆپ زىكىر قىلىشقا بۇيرىمەن. بۇنىڭ مىسالى: ئارقىسىدىن دۈشمەن قوغلاپ چىققان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ كىشى قېچىپ بېرىپ بىر قورغانغا كىلىپ دۈشمەندىن ساقلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئىنسان ئۆزىنى شەيتاننىڭ شەررىدىن پەقەت ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش ئارقىلىق ساقلاپ قالالايدۇ». تىرمىزى رىۋايىتى2863-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى ھەسەن سەھىھ دېگەن. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا" 1724-ھەدىستە كەلتۈرگەن.

ئەزان ئوقۇلسا شەيتان قاچىدۇ.

سەھەل ئىبنى ئەبى سالىھ مۇنداق دەيدۇ: ئاتام مېنى بەنى ھارىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى، مەن بىلەن بىرگە بىزنىڭ بىر خىزمەتچىمىز ياكى بىر ھەمراھىمىز بار ئىدى، تامنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىردى، مەن بىلەن بىرگە بولغان ھەمراھىم قاراپ بېقىپ ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى، مەن بۇ ئەھۋالنى ئاتامغا سۆزلىسەم، ئاتام مۇنداق دېدى: مەن سېنىڭ بۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىڭنى ھېس قىلغان بولسام سېنى ھەرگىزمۇ ئەۋەتمەيتتىم، لېكىن سەن بۇنداق بىر ئاۋازنى ئاڭلىساڭ، نامازغا ئەزان ئوقۇغاندەك ئەزان

تووۋلىغىن، مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «نامازغا ئەزان ئوقۇلسا شەيتان كەينىگە ئۆرۈلۈپ يەل قويۇۋېتىپ قىچىپ كېتىدۇ» [مۇسلىم رىۋايىتى 389-ھەدىس].

قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش شەيتاندىن ساقلايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ جَعَلْنَا بَيْنَكَ وَبَيْنَ الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِالْآخِرَةِ حِجَابًا مَّسْتُورًا﴾ تەرجىمىسى: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا قۇرئاننى ئوقۇغان چېغىڭدا ئۇلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا يوشۇرۇن پەردە پەيدا قىلدۇق» [سۈرە ئىسرا 45-ئايەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.